# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتىنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا يۈزبېرىدىغان بەزى خاتالىقلار.

[ئۇيغۇرچە]

# أخطاء التي تقع في زيارة المسجد النبوي

[باللغة الأويغورية]


المفتي: شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلئۇسەيمىين
المفتي: الشيخ محمد صالح العثيمين
تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز
المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى
المراجعة: ن. تمكيني



**رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى**

**المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض**

1429 – 2008

islamhouse.com

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتىنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا يۈزبېرىدىغان بەزى خاتالىقلار.

36647-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتىنى زىيارەت قىلغاندا يۈزبېرىش ئېھتىماللىقى بولغان خاتالىقلار قايسىلار؟

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

ھاجىلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتىنى زىيارەت قىلغاندا يۈزبېرىدىغان بەزى خاتالىقلار:

1- بەزەن ھاجىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتىنى زىيارەت قىلىش ھەججگە مۇناسىۋەتلىك ياكى زىيارەت قىلمىسا ھەج دۇرۇس بولمايدۇ دەيدىغان خاتا ئېتىقادى كۆز قاراش بار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتىنى زىيارەت قىلىشنىڭ ھەججگە ئالاقىسى يوق، ئۈنىڭسىزمۇ ھەج تامام بولىدۇ. ئەسلىدە ئىلگىرىكى زامانلاردىمۇ ھەججگە كەلگەن كىشىلەر شۇ سەپەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتىنى زىيارەت قىلىپ ئادەتلەنگەن، ھەج قىلىش ئىسلامنىڭ مۇھىم پرىنسىپلىرىنىڭ بىرى، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتىنى زىيارەت قىلىش ئۇنداق ئەمەس، ھېچ قانداق بىر ئالىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتىنى ياكى قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشنى ئىسلامنىڭ مۇھىم پرىنسىپلىرىدىن دەپ

كۆرسەتمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتىنى زىيارەت قىلىش مۇستەھەپ ئەمەللەردىندۇر.

2ـ بەزەن كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتىنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىپ ئايلىنىدۇ، بۇ جاينىڭ تاملىرى ۋە ئىشىك- دەرىزىلىرىنى تەۋەررۇك قىلىپ سىلايدۇ، ھەتتا مەخزىنى يېقىپ سۆيۈپ كېتىدۇ، بۇنىڭ ھەممىسى توغرا بولمىغان بىدئەت ئىشلاردىندۇر، چۈنكى كەبىدىن باشقا جاينى تاۋاپ قىلىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك مەخزىنى يېقىپ سۆيۈشمۇ كەبىنىڭ مەلۇم جايلىرىدا (مۇلتەزىم- كەبىنىڭ دەرۋازىسى بىلەن ھەجەر ئەسۋەد ئارىلىقىدىكى جاي- ۋە ھەجەر ئەسۋەد-ت-) بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتىنىڭ تاملىرىنى سۆيۈش قاتارلىقلارنى ساۋاپ بولىدۇ دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، ئىنساننى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرماستىن بەلكى ئاللاھتىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

3ـ بەزەن كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتىنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا مەسچىتنىڭ تاملىرى، مېھرابلىرى ۋە مۇنبىرىنى تەۋەررۇك قىلىپ سىلايدۇ، ( يەنى بەرىكەت بولىدۇ دېگەن كۆز قاراش بىلەن) بۇمۇ توغرا ئەمەس.

4- بەزەن زىيارەتچىلەر قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ۋە رىغبەتلەنگەن نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياردەم سوراپ دۇئا قىلىدۇ، بۇ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى رازى بولمايدىغان، ئىنساننى ئىسلام مىللىتىدىن چىقىرىۋېتىدىغان چوڭ شېرىك ئىشلارنىڭ بىرىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مەسچىتلەر ئاللاھغا خاستۇر، ئاللاھغا قوشۇپ ھېچكىمگە ئىبادەت قىلماڭلار» جىن سۈرىسى 18- ئايەت. «پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن( تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ» غاپىر سۈرىسى 60- ئايەت. «ئەگەر كاپىر بولساڭلار ئاللاھ سىلەردىن بىھاجەتتۇر، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ كاپىر بولىشىغا رازى بولمايدۇ» زۇمەر سۈرىسى 7- ئايەت.

بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئاللاھ خالىسا ۋە سەن خالىساڭ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ كىشىگە رەددىيە بېرىپ: «مېنى ئاللاھغا شېرىك قىلماقچىمۇ؟ ئاللاھ نېمىنى خالىسا شۇ بولىدۇ» دېگەن( ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان). ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:« ئاللاھ خالىمىغان ئىكەن، ئۆزۈمگە پايدا يەتكۈزۈش، زىياننى ئۆزەمدىن دەپئى قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ»(ئەراپ سۈرىسى 188- ئايەت)، «ئېيتقىنكى، مەن سىلەرگە پايدا- زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايمەن(بۇنىڭغا پەقەت ئاللاھ قادىر بولالايدۇ)، ئېيتقىنكى،(ئەگەر مەن ئاللاھغا ئاسيي بولسام) مېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچ كىشى قۇتقۇزالمايدۇ، ئاللاھدىن باشقا ھېچ پاناھگاھمۇ تاپالمايمەن( شۇنداق تۇرۇقلۇق، مەن سىلەرنىڭ تەلىۋىڭلارنى قانداق قوبۇل قىلالايمەن)» (جىن سۈرىسى 21- ئايەت)، دېگەن تۇرسا نېمە ئۈچۈن قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ۋە رىغبەتلەنگەن نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياردەم سوراپ دۇئا قىلىدۇ؟.

ئىنسان ئۆزىنىڭ بارلىق ئارزۇ- تىلەكلىرىنى ھەممىگە قادىر ئاللاھدىن تىلىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋەسىلە قىلماستىن ۋاستىسىز ھالدا ئاللاھتىن تىلىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىش، ياخشى كۆرۈش ۋە ھەممە ئىشلاردا قانداق ئىتائەت قىلىشنى بىلىشى، ئاللاھدىن ساغلام ئەقىدىدە مۇستەھكەم قىلىشنى سورىشى، ئىبادەتنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى كۆرسەتكەن بويىچە قىلىشى كېرەك.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىنىنىڭ «ھەج- ئۆمرە قىلىش جەريانىدا يۈزبېرىدىغان بەزى خاتالىقلار» دېگەن كىتابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.